# قەشقەر - قاغىلىق - قاراقاش يۇقىرى سۈرئەتلىك يولىدا قاتناش باشلاندى

## پۈتۈن شىنجاڭدىكى بارلىق ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەرگە يۇقىرى سۈرئەتلىك يول تۇتاشتۇرۇش ئىشقا ئاشۇرۇلدى

مۇخبىرىمىز لۇ فېڭباۋ خەۋەر قىلىدۇ: 7 - ئاينىڭ 31 - كۈنى چۈشتىن بۇرۇن، ئىككى يىلدىن كۆپرەك ۋاقىت قۇرۇلۇش قىلىنغان G3012 قەشقەر (يېڭىشەھەر) - قاغىلىق - قاراقاش يۇقىرى سۈرئەتلىك يولىنىڭ 2 - قارارلىق قۇرۇلۇشىدا رەسمىي قاتناش باشلىنىپ، خوتەن ۋىلايىتىنىڭ سىرتقا تۇتىشىدىغان تۇنجى يۇقىرى سۈرئەتلىك يولى بولۇپ قالدى. بۇنىڭ بىلەن پۈتۈن شىنجاڭدىكى بارلىق ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەرگە يۇقىرى سۈرئەتلىك يول تۇتاشتۇرۇش ئىشقا ئاشۇرۇلدى.

ئاپتوموبىللارنىڭ تېز سۈرئەتتە ئۆتۈپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، بۇ تۈرنىڭ قۇرۇلۇشچىلىرى ئىنتايىن ھاياجانلاندى. «قۇملۇق بويىدا يۇقىرى سۈرئەتلىك يول ياساش بىزگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، بىر ئۇنتۇلغۇسىز كەسىپ كەچۈرمىشى ھېسابلىنىدۇ.» قەشقەر - قاغىلىق - قاراقاش يۇقىرى سۈرئەتلىك يولى 7 - بۆلىكىنىڭ تۈر دىرېكتورى جېڭ چاڭۋېي قۇرۇلۇش مەيدانىدا چاڭ - توزانلىق ھاۋارايى كۆپ كۆرۈلگەچكە، قۇم - توزان كۆتۈرۈلگەن ھامان ئۆزلىرىنىڭ ئىشنى توختىتىدىغانلىقىنى، بۈگۈن بارلىق بەدەللەرنىڭ ھەممىسىنىڭ ئەرزىيدىغانلىقىنى ھېس قىلغانلىقىنى ئېيتتى.

بۇلتۇر خوتەن ۋىلايىتىدىكى تۇنجى يۇقىرى سۈرئەتلىك يول — G3012 قاراقاشتىن خوتەن بۆلىكىگىچە بولغان يۇقىرى سۈرئەتلىك يول پۈتۈپ قاتناش باشلىنىپ، خوتەن ۋىلايىتىدە يۇقىرى سۈرئەتلىك يول بولماسلىق تارىخىغا خاتىمە بېرىلدى، لېكىن خوتەن ۋىلايىتىدە يەنىلا سىرتقا تۇتاشقان يۇقىرى سۈرئەتلىك يول يوق ئىدى.

قەشقەر - قاغىلىق - قاراقاش يۇقىرى سۈرئەتلىك يولى لىيەنيۈنگاڭ - قورغاس يۇقىرى سۈرئەتلىك يولى ئالاقە لىنىيەسىدىكى مۇھىم بۆلەك بولۇپ، يېڭىشەھەر ناھىيەسىنىڭ جەنۇبىدىن باشلىنىپ، G 3012 قەشقەر - يېڭىشەھەر بۆلىكى يۇقىرى سۈرئەتلىك يولىنىڭ ئاخىرقى نۇقتىسى بىلەن تۇتىشىدۇ، قاراقاش ناھىيەسىنىڭ غەربىي جەنۇبىدا ئاخىرلىشىپ، G 3012 قاراقاش - خوتەن بۆلىكى يۇقىرى سۈرئەتلىك يولىنىڭ باشلىنىش نۇقتىسى بىلەن تۇتىشىدۇ، لىنىيەنىڭ ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 434.314 كىلومېتىر بولۇپ، 2017 - يىلى 7 - ئايدا قۇرۇلۇش باشلانغان. لىنىيە يېڭىشەھەر، ئاقتۇ، يېڭىسار، يەكەن، پوسكام، قاغىلىق، گۇما، قاراقاشتىن ئىبارەت سەككىز ناھىيەگە چېتىلىدۇ، بۇنىڭ ئىچىدە مۇتلەق كۆپ قىسمى دۆلەت دەرىجىلىك نامرات ناھىيە. تۈردە قاتناش باشلانغاندىن كېيىن، خوتەن ۋىلايىتىنىڭ سىرتقا تۇتىشىدىغان يۇقىرى سۈرئەتلىك يولى بولماسلىق تارىخىغا خاتىمە بېرىلىپ، خوتەن ۋىلايىتى بىلەن قەشقەر ۋىلايىتى ئوتتۇرىسىدىكى تۇنجى يۇقىرى سۈرئەتلىك يولغا ئايلاندى، ئىككى جاينىڭ ئالاقىسى تېخىمۇ قويۇقلاشتى.

«شىركىتىمىز ھەر كۈنى ئىككى ئاپتوموبىل مالنى قەشقەر شەھىرىدىن خوتەن شەھىرىگە توشۇيدۇ، بۇنىڭدىن ئىلگىرى پۈتۈن مۇساپىگە سەككىز سائەتكە يېقىن ۋاقىت كېتەتتى، ھازىر يۇقىرى سۈرئەتلىك يول بىلەن ماڭغاندا بەش سائەتتىلا يېتىپ بارغىلى بولىدۇ، توشۇش ۋاقتىنىڭ قىسقىرىشى بىز ئەشيا ئوبوروتى كارخانىلىرىغا زور پايدا ئېلىپ كەلدى» دېدى شىنجاڭ يۈنشاڭ ماددىي ئەشيا بىرلەشمە پەن - تېخنىكا تەرەققىيات چەكلىك شىركىتىنىڭ باش مۇدىرى پەن فېڭ.

ئاپتونوم رايونلۇق قاتناش - ترانسپورت نازارىتىنىڭ مۇئاۋىن نازىرى لى جىنۇڭ مۇنداق بىلدۈردى: بۇ تۈرنىڭ پۈتۈپ قاتناش باشلىنىشى جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ قاتناش - ترانسپورت شارائىتىنى ياخشىلاش، ئاپتونوم رايون ۋە دۆلەت يۇقىرى سۈرئەتلىك يول تورىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش، تارىم ئويمانلىقىنى ئايلىنىپ ئۆتىدىغان يۇقىرى سۈرئەتلىك يول تورىنى شەكىللەندۈرۈشنى تېزلىتىش، «شىنجاڭنىڭ ئىچكى ھالقىسىمان تۇتاشتۇرۇش، شىنجاڭغا كىرىپ - چىقىشنى تېزلىتىش»نى تېزدىن ئىشقا ئاشۇرۇشقا پايدىلىق. شۇنىڭ بىلەن بىللە، يىپەك يولى ئىقتىساد بەلبېغىنىڭ جەنۇبىي يول ئىقتىدارىنى ئاشۇرۇپ ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈپ، شىنجاڭنىڭ يىپەك يولى ئىقتىساد بەلبېغى يادرولۇق رايونى قاتناش تۈگۈنى مەركىزى قۇرۇلۇشىغا تۈرتكە بولۇشتا چوڭقۇر ئەھمىيەتكە ئىگە.

ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى 5 - قېتىملىق ئومۇمىي يىغىن ئۆتكۈزدى

# باش تېما تەربىيەسىنى قانات يايدۇرۇشنى ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچ قىلىپ، تۈرلۈك خىزمەتلەرنى پۇختا، ياخشى ئىشلەش كېرەك

**ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش**

مۇخبىرىمىز جاڭ يەنفاڭ خەۋەر قىلىدۇ: 7 - ئاينىڭ 31 - كۈنى، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى 5 - قېتىملىق ئومۇمىي يىغىن ئاچتى. يىغىندا شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسى يېتەكچى قىلىنىپ، مەركەز ئىقتىساد خىزمىتى يىغىنى، 7 - ئاينىڭ 30 - كۈنى ئېچىلغان جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسى يىغىنىنىڭ روھى چوڭقۇر ئىزچىللاشتۇرۇلدى، ئەمەلىيلەشتۈرۈلدى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم 9 - نۆۋەتلىك 7 - قېتىملىق ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھى قاتارلىقلار ئىزچىللاشتۇرۇلدى، ئەمەلىيلەشتۈرۈلدى، دىققەت شىنجاڭ خىزمىتى باش نىشانىغا مەركەزلەشتۈرۈلۈپ، ئالدىنقى يېرىم يىللىق خىزمەتلەر تەھلىل قىلىندى، خۇلاسە قىلىندى، كېيىنكى يېرىم يىللىق خىزمەتلەر ئورۇنلاشتۇرۇلدى، ئورۇنلاشتۇرما قىلىندى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى شۆھرەت زاكىر يىغىنغا قاتنىشىپ ھەم سۆز قىلدى.

يىغىندا مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: بۇ يىلدىن بۇيان، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ رەھبەرلىكىدە، پۈتۈن ئاپتونوم رايون بويىچە يۇقىرىدىن تۆۋەنگىچە يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنى ئومۇميۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، مۇقىملىق ئاساسىدا ئىلگىرىلەش خىزمەت باش رىتىمىدا چىڭ تۇرۇپ، يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسىدە چىڭ تۇرۇپ، يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتقا تۈرتكە بولۇشتا چىڭ تۇرۇپ، مەركەزنىڭ «مۇستەھكەملەش، كۈچەيتىش، ئۆستۈرۈش، راۋانلاشتۇرۇش»تىن ئىبارەت سەككىز خەتلىك فاڭجېنىنى قەتئىي ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ «1+3+3+ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش» خىزمەت ئورۇنلاشتۇرمىسىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، تۈرلۈك خىزمەتلەردە يېڭى قەدەم تاشلىدى. كېيىنكى يېرىم يىللىق خىزمەتلەرنى ياخشى ئىشلەشتە، ۋەزىيەت يەنىلا مۇشكۈل، ھەرقايسى جايلار، ھەرقايسى تارماقلار ئىشەنچ، ئىرادىنى چىڭىتىپ، ۋەزىيەتنى توغرا ئىگىلەپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى ھەقىقىي ياخشى تۇتۇشى كېرەك.

يىغىندا مۇنۇلار تەكىتلەندى: پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەدبىر - ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنى قەتئىي ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ تەلىپى بويىچە، يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىيات تەلىپىنى پۇختا ئىگىلەپ، ئېشىشنى مۇقىملاشتۇرۇش، ئىسلاھاتنى ئىلگىرى سۈرۈش، قۇرۇلمىنى تەڭشەش، ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش، خەۋپ - خەتەردىن مۇداپىئەلىنىش، مۇقىملىقنى قوغداشتىكى تۈرلۈك خىزمەتلەرنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ئالغا سىلجىتىش كېرەك. ئىدىيەۋى تونۇشنى ئۆستۈرۈپ، ئىقتىساد خىزمىتىگە يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىپ، يىل بېشىدا بېكىتىلگەن نىشان - ۋەزىپىلەرنى ئومۇميۈزلۈك ئورۇنداش كېرەك؛ يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئۈچ چوڭ ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىنى ياخشى قىلىپ، ئۆتكەلگە دەل جايىدا ھۇجۇم قىلىش جەھەتتە كۈچەش كېرەك؛ ئاچقۇچلۇق ھالقىلارنى گەۋدىلەندۈرۈپ، يىپەك يولى ئىقتىساد بەلبېغى يادرولۇق رايونى قۇرۇلۇشى، يېزا - كەنتلەرنى گۈللەندۈرۈش ئىستراتېگىيەسى، ساياھەتچىلىك كەسپىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتىن ئىبارەت ئۈچ تۈرلۈك نۇقتىلىق خىزمەتنى داۋاملىق ياخشى تۇتۇش كېرەك؛ ئىسلاھات پايدىسىنى داۋاملىق قويۇپ بېرىپ، «بېرىش، باشقۇرۇش، مۇلازىمەت قىلىش» ئىسلاھاتىنى چوڭقۇر ئالغا سىلجىتىپ، تېخىمۇ زور كۆلەمدە باج كېمەيتىش، ھەقنى تۆۋەنلىتىش سىياسىتىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى داۋاملىق ئالغا سىلجىتىپ، تىجارەت مۇھىتىنى ئەلالاشتۇرۇپ، ئىقتىسادنىڭ يېڭى ئېشىش نۇقتىسىنى يېتىلدۈرۈش كېرەك؛ شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش ئەۋزەللىكىنى جارى قىلدۇرۇپ، زور كۈچ سەرپ قىلىپ خەلق تۇرمۇشىنى كاپالەتلەندۈرۈپ ۋە ياخشىلاپ، ئامما ئەڭ كۆڭۈل بۆلىدىغان، ئەڭ بىۋاستە، ئەڭ رېئال مەنپەئەت مەسىلىلىرىنى تېخىمۇ كۆپ ھەل قىلىش كېرەك؛ دىققەتنى ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىك باش نىشانىغا پۇختا مەركەزلەشتۈرۈپ، مۇقىملىق خىزمىتىنى سىجىل ياخشى تۇتۇپ، ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي تەرەققىيات ئۈچۈن شارائىت يارىتىش كېرەك.

يىغىندا مۇنداق تەلەپ قىلىندى: «ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېما تەربىيەسىنى چوڭقۇر قانات يايدۇرۇپ، باش تېما تەربىيەسىنى قانات يايدۇرۇشنى يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنى ئىزچىللاشتۇرۇش، ئەمەلىيلەشتۈرۈش، مۇقىملىق، تەرەققىيات خىزمىتىنى بىرتۇتاش پىلانلاش بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، ۋەزىپە - مەسئۇلىيەتنى ئەستايىدىل، تولۇق ئادا قىلىش، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ مەركىزىي خىزمىتىنى چۆرىدەپ ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى تۇتۇش بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، باش تېما تەربىيەسىنى قانات يايدۇرۇشنى ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچ قىلىپ، ياخشى ئىستىل بىلەن تۈرلۈك خىزمەتلەرنى پۇختا، ياخشى ئىشلەش كېرەك.

ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ئەركىن تۇنىياز يىغىنغا قاتناشتى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، ئاپتونوم رايوننىڭ دائىمىي مۇئاۋىن رەئىسى جاڭ چۇنلىن يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى ھەم ئاپتونوم رايوننىڭ 2019 - يىلى ئالدىنقى يېرىم يىللىق ئىقتىسادىنىڭ ئايلىنىش ئەھۋالىنى ئومۇمىي ئۇقتۇرۇش قىلدى.

# ئاپتونوم رايوننىڭ «1 - ئاۋغۇست»لۇق ھال سوراش ئۆمىكى شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق قىسىملاردىن ھال سورىدى

مۇخبىرىمىز **مېھرىگۈل ناسىر**، ئىختىيارىي مۇخبىرىمىز **خۇ لىجېڭ** خەۋەر قىلىدۇ: جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيەسى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 92 يىللىقى پەيتىدە، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ۋە ھۆكۈمەتنىڭ بىرتۇتاش ئورۇنلاشتۇرۇشىغا ئاساسەن، 7 - ئاينىڭ 30 - كۈنىدىن 31 - كۈنىگىچە، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، سىياسىي - قانۇن كومىتېتىنىڭ شۇجىسى ۋاڭ جۈنجېڭ، ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى قادىربېك قامزا ئايرىم - ئايرىم ھالدا ئاپتونوم رايوننىڭ «1 - ئاۋغۇست»لۇق ھال سوراش ئۆمىكىنى باشلاپ، ئۈرۈمچى شەھىرى، خوتەن ۋىلايىتىدە شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق قىسىملاردىن ھال سورىدى، شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق خەلق ئازادلىق ئارمىيەسىنىڭ كوماندىر - جەڭچىلىرى، قوراللىق ساقچى قىسىم ئوفىتسېر - ئەسكەرلىرى ۋە نەپىقە بېرىش ئوبيېكتلىرىنى يوقلىدى ۋە ئۇلاردىن ھال سورىدى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ۋە ھۆكۈمەت ھەم پۈتۈن شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ سالىمىنى يەتكۈزدى، خەلقنىڭ پەرزەنت ئەسكەرلىرىگە ئالىي ئېھتىرام بىلدۈردى.

ئاپتونوم رايون رەھبەرلىرى ھال سوراش داۋامىدا مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: ئۇزاقتىن بۇيان، كەڭ ئوفىتسېر - ئەسكەرلەر ھۆكۈمەتنى ھىمايە قىلىش، خەلقنى سۆيۈشتەك شەرەپلىك ئەنئەنىنى ئەۋج ئالدۇرۇپ، شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي تەرەققىياتىغا كۆڭۈل بۆلدى، قوللىدى. ھازىر شىنجاڭدا جەمئىيەت مۇقىم، ئىقتىساد راۋاجلانغان، مىللەتلەر ئىتتىپاق بولۇپ، ھەر مىللەت ئاممىنىڭ ئېرىشىش تۇيغۇسى، بەخت تۇيغۇسى، بىخەتەرلىك تۇيغۇسى ئۈزلۈكسىز ئاشتى، بۇ نەتىجىلەرنىڭ قولغا كېلىشى شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق قىسىملاردىكى بارلىق ئوفىتسېر - ئەسكەرلەرنىڭ پائال قاتنىشىشى، زور كۈچ بىلەن قوللىشى ۋە خالىس تۆھپە قوشۇشىدىن ئايرىلالمايدۇ. شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق قىسىملاردىكى كەڭ ئوفىتسېر - ئەسكەرلەرنىڭ ئارمىيەمىزنىڭ ئېسىل ئەنئەنىسى ۋە ئېسىل ئىستىلىنى داۋاملىق ئەۋج ئالدۇرۇپ، يەرلىكنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشىغا پائال ياردەم بېرىپ، ئاپەتكە تاقابىل تۇرۇش - خەتەردىن قۇتقۇزۇش قاتارلىق جىددىي، مۇشكۈل، خەتەرلىك ئېغىر ۋەزىپىلەرنى باتۇرلۇق بىلەن زىممىسىگە ئېلىشىنى؛ شۇ جايىنى قوغداش، شۇ جايىنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇش، شۇ جايىنى مۇقىملاشتۇرۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي مۇقىملىقى ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىكىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن يېڭى تۆھپە قوشۇشىنى ئۈمىد قىلىمىز. ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ۋە ھۆكۈمەت دۆلەت مۇداپىئەسى، ئارمىيە قۇرۇلۇشىنى ئىلگىرىكىدەكلا قوللاپ، پۈتۈن جەمئىيەتتە دۆلەت مۇداپىئەسىگە كۆڭۈل بۆلىدىغان، دۆلەت مۇداپىئەسىنى قوللايدىغان، دۆلەت مۇداپىئەسىگە قاتنىشىدىغان قويۇق كەيپىيات يارىتىپ، سۇ بىلەن سۈت قوشۇلغاندەك، ئۇيۇل تاشتەك چىڭ ئارمىيە - ھۆكۈمەت، ھەربىي - خەلق مۇناسىۋىتىنى مۇستەھكەملەيدۇ، راۋاجلاندۇرىدۇ.

ھال سوراش داۋامىدا، كەڭ ئوفىتسېر - ئەسكەرلەر مۇنداق بىلدۈردى: شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق قىسىملار «تۆت ئاڭ»نى مۇستەھكەم تۇرغۇزۇپ، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ۋە ھۆكۈمەت ھەم پۈتۈن شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ سەممىي غەمخورلۇقىنى تۈگىمەس ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچكە ئايلاندۇرۇپ، پۈتۈن كۈچ بىلەن قىسىم قۇرۇلۇشىنى ياخشى تۇتۇپ، ماھارەتنى جاپالىق مەشىق قىلىپ، ھۆكۈمەتنى ھىمايە قىلىش، خەلقنى سۆيۈش پائالىيىتىنى زور كۈچ بىلەن قانات يايدۇرۇپ، پارتىيە ۋە خەلق تاپشۇرغان بۇرچ، ۋەزىپىنى قەتئىي ياخشى ئورۇنداپ، ئارمىيە - ھۆكۈمەت، ھەربىي - خەلق ئىتتىپاقلىقىدىن ئىبارەت چوڭ ياخشى ۋەزىيەتنى ئۈزلۈكسىز مۇستەھكەملەپ ۋە راۋاجلاندۇرۇپ، ئىتتىپاق - ئىناق، ئاۋات - باي، مەدەنىي بولغان، تەرەققىي قىلغان، خاتىرجەم ياشايدىغان جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك شىنجاڭ قۇرۇش ئۈچۈن يەنە يېڭى خىزمەت كۆرسىتىپ، ئەلا نەتىجىلىرىمىز بىلەن جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 70 يىللىقىنى كۈتۈۋالىمىز.

ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەش سىنىلىق ھەمتۈرتكە شەكلىدە ئايلىق كېڭىشىش سۆھبەت يىغىنى ئاچتى

# مەجبۇرىيەت مائارىپى باسقۇچىدا «بەشنى قەلبتىن ئېتىراپ قىلىش» تەربىيەسىنى كۈچەيتىشنى چۆرىدەپ چارە - تەدبىر كۆرسەتتى

مۇخبىرىمىز **جاڭ يەنفاڭ** خەۋەر قىلىدۇ: 7 - ئاينىڭ 31 - كۈنى چۈشتىن بۇرۇن، ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەش ئايلىق كېڭىشىش سۆھبەت يىغىنى ئېچىپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ مەجبۇرىيەت مائارىپى باسقۇچىدا «بەشنى قەلبتىن ئېتىراپ قىلىش» تەربىيەسىنى كۈچەيتىشنى چۆرىدەپ سۆھبەتلەشتى، كېڭەشتى، ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەشنىڭ رەئىسى نۇرلان ئەبىلمەجىن يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى ھەم سۆز قىلدى.

بۇ قېتىمقى يىغىننىڭ شەكلىدە يېڭىلىق يارىتىلىپ، يىراق مۇساپىلىك كېڭىشىش شەكلى قوللىنىلىپ، ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەش ئورگىنىدا ئاساسىي يىغىن مەيدانى ۋە 14 ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلىك سىياسىي كېڭەشتە شۆبە يىغىن مەيدانى تەسىس قىلىش ئارقىلىق، يىغىنغا قاتناشقان خادىملار سىنىلىق ھەمتۈرتكە شەكلىدە سۆھبەتلەشتى، كېڭەشتى. سىياسىي كېڭەش ئەزاسى، مۇتەخەسسىسلەر ۋەكىلى ھەمدە ئاساسىي قاتلام سىياسىي كېڭەشتىكى يولداشلاردىن بولۇپ سەككىز كىشى باش تېمىنى چۆرىدەپ، ئەمەلىيەتكە بىرلەشتۈرۈپ، تونۇشنى ئۆستۈرۈش، ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنى قۇرۇش، تەربىيە ئۇسۇلىدا يېڭىلىق يارىتىش، ھەمكارلىشىپ ئادەم تەربىيەلەش مېخانىزمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش قاتارلىق جەھەتلەردە تەكلىپلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى. كۆپچىلىك مۇنداق قارىدى: يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، ئاپتونوم رايون باللاردىن باشلاپ تۇتۇپ، شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسى ئارقىلىق روھ يېتىلدۈرۈش، ئادەم تەربىيەلەشتە چىڭ تۇرۇپ، مەجبۇرىيەت مائارىپى باسقۇچىدا «بەشنى قەلبتىن ئېتىراپ قىلىش» تەربىيەسىنى قانات يايدۇرۇش جەھەتتە نۇرغۇن خىزمەت ئىشلەپ، بەلگىلىك نەتىجە - ئۈنۈمنى قولغا كەلتۈردى.

كۆپچىلىك مۇنداق تەكلىپ بەردى: پارتىيە رەھبەرلىكىنى كۈچەيتىپ، سىياسىي يۈكسەكلىكنى ئۆستۈرۈپ، توغرا مەكتەپ باشقۇرۇش يۆنىلىشىنى پۇختا ئىگىلەپ، «بەشنى قەلبتىن ئېتىراپ قىلىش» تەربىيەسىنىڭ سۈپىتى ۋە سەۋىيەسىنى پۈتۈن كۈچ بىلەن ئۆستۈرۈش كېرەك. ئەخلاق ئارقىلىق ئادەم تەربىيەلەش تۈپ ۋەزىپىسىنى چىڭ ئىگىلەپ، «بەشنى قەلبتىن ئېتىراپ قىلىش» تەربىيەسىنى غايە - ئېتىقاد تەربىيەسى، سوتسىيالىستىك يادرولۇق قىممەت قارىشى تەربىيەسى قاتارلىقلار بىلەن ئۆزئارا بىرلەشتۈرۈشتە چىڭ تۇرۇپ، ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپ مائارىپى ئوقۇتۇشىنىڭ پۈتكۈل جەريانىغا سىڭدۈرۈپ، «بەشنى قەلبتىن ئېتىراپ قىلىش»نى ياش - ئۆسمۈرلەرنىڭ قەلبىنىڭ چوڭقۇر قاتلىمىدىن ئورۇن ئالدۇرۇش كېرەك. ئىدىيەۋى تەپەككۇر، مەزمۇنى ئىپادىلەش، ئۇسۇل، ۋاستىدە يېڭىلىق يارىتىشنى ئالغا سىلجىتىپ، يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنى ۋە ئىختىساسلىقلارنى تەربىيەلەش سىستېما قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، مول، كۆپ خىل شەكىلدىكى مەكتەپ پائالىيىتىنى پائال قانات يايدۇرۇپ، «بەشنى قەلبتىن ئېتىراپ قىلىش» تەشۋىقات تەربىيەسىدە ياخشى كەيپىيات يارىتىش كېرەك.

نۇرلان ئەبىلمەجىن مۇنداق كۆرسەتتى: باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مائارىپ توغرىسىدىكى مۇھىم بايانىنى چوڭقۇر ئۆگىنىپ، ئىزچىللاشتۇرۇپ، تەكشۈرۈش - كۆزىتىش خىزمىتىدە ئۈزلۈكسىز قانۇن - نىزامغا توغرىلىنىپ، ئۆلچەمگە توغرىلىنىپ، ھەقىقىي تۈردە «بەشنى قەلبتىن ئېتىراپ قىلىش» تەربىيەسىنى ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ياش - ئۆسمۈرلەرنىڭ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ئېڭىنى كۈچەيتىشنىڭ نەزەرىيە ئاساسى قىلىپ، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ياش - ئۆسمۈرلەرنىڭ ئورتاق مەنىۋى يۇرت ماكانىنى بەرپا قىلىشنىڭ ھېسسىيات تۇتقىسى قىلىپ، ئاڭلىق ھالدا دۆلەتنىڭ ئەڭ ئالىي مەنپەئەتى ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى چوڭ ۋەزىيىتىنى قوغداش ئىدىيە ئاڭلىقلىقى، سىياسىي ئاڭلىقلىق، ھەرىكەت ئاڭلىقلىقىنى تۇرغۇزۇپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ مەجبۇرىيەت مائارىپى باسقۇچىدىكى «بەشنى قەلبتىن ئېتىراپ قىلىش» تەربىيەسىنى چوڭقۇر قانات يايدۇرۇشقا تۈرتكە بولۇش كېرەك.

نۇرلان ئەبىلمەجىن مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: بۇ قېتىمقى يىغىننى ياخشى ئېچىش ئۈچۈن، ئەزالار بىرىنچى سەپكە چوڭقۇر چۆكۈپ ئەھۋال ئىگىلەپ، ئاساسىي قاتلامغا چوڭقۇر چۆكۈپ تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىپ، مۇشۇ ئاساستا نۇرغۇن مول ئىجابىي پىكىر - تەكلىپلەرنى بېرىپ، چارە - ئەقىل كۆرسىتىش ۋە ئورتاق تونۇشنى مۇجەسسەملەشتىن ئىبارەت قوش يۆنىلىشلىك كۈچەيتىشتە ياخشى ئۈنۈمگە ئېرىشتى. يىغىندا شەكىللەنگەن ئورتاق تونۇش ۋە پىكىر - تەكلىپلەرنى ۋاقتىدا جەملەپ، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ۋە ھۆكۈمەتنىڭ تەدبىر بەلگىلەشتە پايدىلىنىشىغا يوللاپ بېرىش كېرەك.

ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ماغاۋ سېيتقامزا، مۇئاۋىن رەئىس، قوشۇمچە باش كاتىپ جاڭ بو، مۇئاۋىن رەئىسلەردىن مۇتەللىپ ئوبۇل، ما شيۇڭچېڭ يىغىنغا قاتناشتى. ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ئىلھام سابىر باش تېمىدا سۆز قىلدى. ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ئالاقىدار رەھبەرلىرى يىغىنغا قاتناشقانلارنىڭ پىكىر - تەكلىپلىرىگە قايتىما ئىنكاس قايتۇردى ۋە جاۋاب بەردى. ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ نازارىتىنىڭ مۇناسىۋەتلىك مەسئۇلى مۇناسىۋەتلىك ئەھۋاللارنى تونۇشتۇردى.

(بېشى 1 - بەتتە)

ئوتتۇرا قىسىم ئۇرۇش رايونىنىڭ جېڭجى ۋېيىۋەنى جۇ شېڭلىڭ، دېڭىز ئارمىيەسىنىڭ سىلىڭيۈەنى شېن جىنلۇڭ، دېڭىز ئارمىيەسىنىڭ جېڭجى ۋېيىۋەنى چىن شېڭشياڭ، ھاۋا ئارمىيەسىنىڭ سىلىڭيۈەنى دىڭ لەيخاڭ، دۆلەت مۇداپىئەسى داشۆسىنىڭ مۇدىرى جېڭ خې، قوراللىق ساقچى قىسىمنىڭ جېڭجى ۋېيىۋەنى ئەن جاۋچىڭ.

شاڭجياڭلىق ھەربىي ئۇنۋانى، قوراللىق ساقچى ئۇنۋانىغا ئۆستۈرۈلگەن ئون ھەربىي ئوفىتسېر، قوراللىق ساقچى ئوفىتسېرى رەتلىك قىياپەتتە، كۆتۈرەڭگۈ، روھلۇق ھالدا رەئىس سەھنىسىنىڭ ئالدىغا كەلدى. شى جىنپىڭ ئۇلارغا بۇيرۇقنامە تارقىتىپ بەردى ھەم ئۇلار بىلەن سەممىي قول ئېلىشىپ كۆرۈشۈپ، تەبرىكلەيدىغانلىقىنى بىلدۈردى. شاڭجياڭلىق ھەربىي ئۇنۋانى، قوراللىق ساقچى ئۇنۋانى پاگونى تاقىغان ئون ھەربىي ئوفىتسېر، قوراللىق ساقچى ئوفىتسېرى شى جىنپىڭغا سالام بەردى، مۇراسىمغا قاتناشقان بارلىق يولداشلارغا سالام بەردى، پۈتۈن مەيداندا قىزغىن ئالقىش ساداسى ياڭرىدى.

ئۇنۋان ئۆستۈرۈش مۇراسىمى ياڭراق ئارمىيە مارشى ساداسى ئىچىدە ئاخىرلاشتى. ئارقىدىن، شى جىنپىڭ قاتارلىق رەھبەرىي يولداشلار شاڭجياڭلىق ھەربىي ئۇنۋانى، قوراللىق ساقچى ئۇنۋانىغا ئۆستۈرۈلگەن ھەربىي ئوفىتسېر، قوراللىق ساقچى ئوفىتسېرلىرى بىلەن بىرلىكتە سۈرەتكە چۈشتى.

مەركىزىي ھەربىي كومىتېتنىڭ ئەزالىرىدىن ۋېي فېڭخې، لى زوچېڭ، مياۋ خۇا، جاڭ شېڭمىن ھەمدە ھەربىي كومىتېت ئورگىنىدىكى ھەرقايسى تارماقلارنىڭ رەھبەرلىرى، بېيجىڭدا تۇرۇشلۇق چوڭ ئورۇنلارنىڭ مۇئاۋىن ئۇرۇش رايونى ۋەزىپىسىدىن يۇقىرى رەھبەرلىرى قاتارلىقلار ئۇنۋان ئۆستۈرۈش مۇراسىمغا قاتناشتى.

# ئەسلىي مەقسەت-بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاپ، ئۆزى ئۈستىدە ئىنقىلاب قىلىشنى ئالغا سىلجىتايلى

(بېشى 1 - بەتتە)

ئاساسىي مەقسىتى، غايە - ئېتىقادى، كۆرەش نىشانىنىڭ مەركەزلىك ئىپادىلىنىشى ئىكەنلىكى، قانچە ئۇزاق ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەنسېرى، پارتىيەنىڭ ئەسلىي مەقسىتى - بۇرچىنى شۇنچە ئۇنتۇپ قالماسلىق كېرەكلىكى، ئۆزى ئۈستىدە ئىنقىلاب قىلىش روھىنى شۇنچە يوقىتىپ قويماسلىقى كېرەكلىكى، يېڭى دەۋردە پارتىيەنىڭ ئۆزى ئۈستىدە ئىنقىلاب قىلىشنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، پارتىيەنى باشتىن - ئاخىر دەۋرنىڭ ئالدىدا ماڭىدىغان، خەلق چىن قەلبىدىن ھىمايە قىلىدىغان، باتۇرلۇق بىلەن ئۆزى ئۈستىدە ئىنقىلاب قىلىدىغان، تۈرلۈك بوران - چاپقۇنلارنىڭ سىنىقىدىن ئۆتەلەيدىغان، غەيرەت - شىجائىتى ئۇرغۇپ تۇرىدىغان ماركسىزملىق ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈۋاتقان پارتىيە قىلىپ قۇرۇپ چىقىش كېرەكلىكىنى ئەسكەرتىش.

ماقالىدە مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: پارتىيەمىز ماركسىزم بىلەن قوراللانغان پارتىيە، باشتىن - ئاخىر جۇڭگو خەلقىنى بەختكە ئېرىشتۈرۈش، جۇڭخۇا مىللىتىنى گۈللەندۈرۈشنى ئۆزىنىڭ ئەسلىي مەقسىتى ۋە بۇرچى قىلغان ھەم ئىزچىل پارتىيەنىڭ بارلىق كۆرەشلىرى جەريانىدا نامايان قىلغان. پارتىيەنىڭ تارىخىنى ئەسلىسەك، نېمە ئۈچۈن پارتىيەمىز شۇنچە ئاجىز، كىچىك ئەھۋالدىمۇ پەيدىنپەي راۋاجلىنىپ زورىيالىدى، قانلىق قىرغىنچىلىقتا ھەر قېتىم ھالاكەت گىردابىغا بېرىپ قالغاندا قايتا ھاياتلىققا ئېرىشەلىدى، ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىپ قىيىنچىلىقنى يېڭىش داۋامىدا ئۈزلۈكسىز غەلىبىدىن غەلىبىگە قاراپ ماڭالىدى، بۇنىڭدىكى تۈپ سەۋەب شۇكى، مەيلى ئوڭۇشلۇق ياكى ئوڭۇشسىز ئەھۋالدا بولسۇن، پارتىيەمىز جۇڭگو خەلقىنى بەختكە ئېرىشتۈرۈش، جۇڭخۇا مىللىتىنى گۈللەندۈرۈشتىن ئىبارەت بۇ ئەسلىي مەقسەت ۋە بۇرچنى باشتىن - ئاخىر چىڭ ساقلاپ، ھەققانىيەت يولىدىن قايتماي، بۇ نىشانغا قاراپ ئىلگىرىلىدى، شۇ ئارقىلىق خەلقنىڭ چىن قەلبتىن ھىمايە قىلىشى ۋە قەتئىي قوللىشىغا ئېرىشتى.

ماقالىدە مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاشنى ئىشقا ئاشۇرۇشتا، جەزمەن كۈچلۈك بولغان ئۆزى ئۈستىدە ئىنقىلاب قىلىش روھى بولۇشى كېرەك. ئۆزىنى ساپلاشتۇرۇش، ئۆزىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش، ئۆزىنى يېڭىلاش، ئۆزىنى يۈكسەلدۈرۈشكە كۈچ سەرپ قىلىش كېرەك. پارتىيەنىڭ ئۆزى ئۈستىدە ئىنقىلاب قىلىشىدا ۋەزىپە ئېغىر، يول يىراق، ھەرگىزمۇ بىرئاز توختىۋېلىش، ئارام ئېلىۋېلىش ئويىدا بولماسلىق كېرەك. ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاشتا ئاچقۇچ مەسىلىلەرگە توغرا قاراش ئاڭلىقلىقى ۋە پىچاقنىڭ بىسىنى ئۆزىگە قارىتىش جاسارىتى بولۇشتا، ئاچقۇچ پارتىيەنىڭ ھەر دەرىجىلىك رەھبىرىي كادىرلىرى، بولۇپمۇ يۇقىرى دەرىجىلىك كادىرلىرىدا.